# ئەقلىي ئىقتىدارلىق كۆكتات سېتىۋېلىش ئارقىسىدىكى تەرەققىيات لوگىكىسى

(بېشى 1 - بەتتە)

سېتىش بوتكىسىنىڭ سىرتىغا «سايىباغ رايونىنىڭ كېرىيەگە نىشانلىق ياردەم بېرىش كۆكتات بازىرىنىڭ بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى سايىباغ رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ماۋ يۈەنمىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ياردەم بېرىش - يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سايىباغ رايونى كېرىيە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە سېتىش تورىنى قۇردى.

چېن لىنجياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: شىركىتىمىزنىڭ كېرىيەدە 31 مىڭ مولۇق كۆكتات تېرىقچىلىق بازىسى بار، يىلىغا 50مىڭ توننىدىن 80مىڭ توننىغىچە ھەر خىل كۆكتات ئىشلەپچىقىرىدۇ، ھەر كۈنى 20 توننا كۆكتات كېرىيەدىن مەخسۇس توشۇش ئاپتوموبىلى ئارقىلىق شىركەتنىڭ ئايرىش مەركىزىگە توشۇلىدۇ، تاللاش، باغلاش، بۆلۈپ قاچىلاپ خالتىغا سېلىش ئارقىلىق بىر قىسىم كۆكتاتلار مېۋە، كۆكتاتلار ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى مېۋە، كۆكتاتلارنى ئاھالىلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىگە يەتكۈزۈشتىكى ئوتتۇرا ھالقىنى ئۈنۈملۈك ئازايتتى، ھەر خىل كۆكتات ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچى باھاسى بويىچە سېتىلىپ، تەننەرخى ۋە سېتىلىش باھاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

### ■ كۆكتات سېتىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇرۇش

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ شەنبەبازار بازىرىدا، دېھقانلار ئېتىزلىقتىكى پىيازنى تېڭىپ، ئېتىز بېشىدىكى سوغۇق، يېڭى پېتى ساقلاش ئاپتوموبىلىغا توشۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. لىق كۆكتات قاچىلانغان سوغۇق، يېڭى پېتى ساقلاش ئاپتوموبىلى قۇملۇق تاشيولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 1500 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 5تە ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ تيەنتيەنشيەن سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئايرىش مەركىزىگە يېتىپ كەلدى. سائەت 6 لەردە، تەقسىملەپ بەرگۈچى كاڭ خۇڭئەن بىر قىسىم كۆكتاتلارنى دەرھال تەقسىملەش ئاپتوموبىلىغا قاچىلاپ، سائەت 7دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسىغا ئاپىرىپ بەردى.

بازىدىن مەھەللىدىكى سېتىش بوتكىسىغىچە بولغان پۈتۈن مۇساپىدە سوغۇق پېتى توشۇلۇپ، كۆكتاتلارنىڭ يېڭى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

«بىز سىستېما ئۆلچىگەن سېتىش سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسەن، كۆكتات باھاسىنى ۋاقتىدا بۆلۈپ چۈشۈرۈپ، سېتىشنى تېزلىتىمىز.»

چېن لىنجياڭ مۇنداق دېدى: ئاھالىلەر ئۆزىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئاساسەن كۆكتات تاللىيالىغان بولغاچقا، كېيىنكىلەر تاللىغان كۆكتاتلارنىڭ سۈپىتىدە ئازراق تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، شۇڭا، باھانى تۆۋەنلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىستېمالغا تەسىر كۆرسەتمەي، بۇنداق قىلىش كۆكتاتلارنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىنى تۆۋەنلىتىشتە ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولدى.

سېتىش بوتكىسى ھەر كۈنى تەخمىنەن 400 كىلوگرام كۆكتات ۋە مېۋە بىلەن تەمىنلەيدۇ، سېتىش سوممىسى 1000 يۈەندىن كۆپرەك بولىدۇ. «20 نەچچە كۈن سېتىش ئارقىلىق، كۆكتات باھاسىدا ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 50% ئېتىبار قىلىنىپ، كۆكتاتنىڭ كۈندىلىك زايە بولۇش مىقدارى 2%تىن 3%كىچە كونترول قىلىندى» دېدى چېن لىنجياڭ.

مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش سىستېمىسىنىڭ ئارقا سۇپا سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ياڭزىجياڭ يولى شەرقىي مەھەللىسىدە تەخمىنەن 1500 ئائىلىلىك بار ئىكەن، نۆۋەتتە ئىككى ئۆلچەملىك كود ئارقىلىق كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك رويخەتكە ئالدۇرغان خېرىدار 945كە، ھەر كۈنى ئىستېمال قىلىدىغان خېرىدار 200دىن 300 كىشىگىچە، كۆكتات ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ يېشى 30 ياشتىن 70 ياشقىچە، مېۋە ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ يېشى 20 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان.

### ■ چوڭ سانلىق مەلۇمات مېۋە، كۆكتاتلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىنى ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ

«بىز بەزىلەرنىڭ بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئالتە قېتىم كۆكتات سېتىۋالغانلىقىنى، لېكىن مىقدارىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى بايقىدۇق. بىز تەھلىل قىلىپ، بۇ خېرىدارنىڭ نېمە يېگۈسى كەلسە شۇنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى، قانچىلىك يېسە شۇنچىلىك سېتىۋالىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي يېڭى پېتى يەيدىغانلىقىنى بىلدۇق» دېدى چېن لىنجياڭ.

ئاھالە ساۋ يۈفېي مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ھەر قېتىم تاللا بازىرىغا بېرىپ كۆكتات سېتىۋالغاندا، بىر ھەپتىلىك يەيدىغان كۆكتاتنى سېتىۋېلىپ توڭلاتقۇدا سوغۇق ساقلاپ يېيىشكە توغرا كېلەتتى، دائىم يەپ بولالماي بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ھازىر ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندا سېتىش بوتكىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتىمەن، شۇ كۈنى يېيىشكە يېتەرلىكىنى سېتىۋالسام بولىدۇ».

چوڭ سانلىق مەلۇماتتىن پايدىلىنىپ، چېن لىنجياڭ مەھەللىدىكى 70 ياشتىن 90 ياشقىچە بولغان ياشانغانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئىشلىتەلمەيدىغانلىقىنى بايقىدى، بۇ بىر قىسىم كىشىلەر توپىنىڭ سېتىش بوتكىسى ئارقىلىق كۆكتات سېتىۋېلىشىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ «كارتا سىيرىش.» چېن لىنجياڭ مۇنداق دېدى: بۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى مەزگىلدە كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسىدا كارتا سىيرىش ئىقتىدارىنى كۆپەيتىمىز، ياشانغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون بىلەن كۆكتات سېتىۋېلىش كارتىسىغا قىممەت تولۇقلاپ بەرسە بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا كۆكتات سېتىۋالىدىغان كىشىلەر توپىنى تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش ئارقىلىق، مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش سىستېمىسى بۇ ئولتۇراق رايونىنى ئېھتىياجلىق كۆكتاتلار بىلەن تېخىمۇ دەل، ئېنىق تەمىنلەيدۇ.

### ■ ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسىغا كىرىشى ئېلىپ كەلگەن ئىلھام

ماۋ يۈەنمىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسى كېرىيەگە ياردەم بېرىش - يۆلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى. مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسى ئەمەلىيەتتە ئېغىرلىقنى دەل، توغرا ئۆلچەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئاپتوماتىك مال سېتىش ماشىنىسى بولۇپ، بۇ خىل پۈتۈنلەي يېڭىچە پارچە سېتىش سودا شەكلى يەنە 24 سائەت تىجارەت قىلىدىغان مىكرو تاللا بازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھازىر، ئاپتوماتىك مال سېتىش ماشىنىسى ساھەسى بىلەن ئالاقە تورىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىمۇ كۈنسېرى كۆپ خىللىشىۋاتىدۇ. چېن لىنجياڭ مۇنداق دېدى: ئەنئەنىۋى ئىگىلىك، بىرلەشمە تور ئىگىلىكى، كۆچمە ئالاقە تورى ئىگىلىكى، ھەمبەھرە ئىگىلىكىدىن كېيىن، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن پارچە سېتىشتا ئالاقە تورى يۇقىرى يېڭى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش كىشىلەرنى ئەقلىي ئىقتىدار دەۋرىگە باشلاپ كىرىپ، خەلققە قولاي بولۇش، خەلققە پايدا يەتكۈزۈش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ھېس قىلىش داۋامىدىكى بەخت كۆرسەتكۈچىنى ئۆستۈردى.

«بۇ، ئالاقە تورى + خەلققە قولايلىق مۇلازىمەتتىكى بىر تۈرلۈك ئىجادىي قوللىنىش، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئىش تەقسىماتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشتىكى ئىجادىي تەدبىر.» ماۋ يۈەنمىڭ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسى ئىستېمالچىلارنىڭ نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، ئاپتوماتىك مال سېتىش ماشىنىسىنى IP خۇسۇسىيىتىگە ئىگە مەھەللىدىكى پىرىكازچىكسىز يېڭى پېتى مال سېتىش دۇكىنىغا ئۆزگەرتتى. كەلگۈسى ئىككى يىل ئىچىدە، سايىباغ رايونى مەھەللىلەردە مېۋە، كۆكتاتلارنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق تاللا سېتىش بوتكىسىدىن 200 نى تەسىس قىلىپ، سەرخىل «پىرىكازچىكسىز كۆكتات بازىرى» بەرپا قىلىدۇ.

# 6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەم تۆت تەرەپ ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شېنجېن شەھىرى ۋە شىنجاڭ قاتارلىق تۆت تەرەپ ھەمكارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار مۇزاكىرە قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشۇلدى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مىنىستىر ۋاڭ جىگاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى شۇ نەنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ۋاڭ جىگاڭ مۇنداق كۆرسەتتى: پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر، ئىجادىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ۋە رايونلارنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋەزىپە، ئۈچ چوڭ ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تارىخىي مەزگىلدىكى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا، يىلتىزى يېڭىلىق يارىتىشتا، مۇھىم نۇقتىسى كەسىپتە، ئاساسى ئەلگە نەپ يەتكۈزۈشتە، قىممىتى دەل جايىدا بولۇشتا، مۇھىملىقى «خور ئېيتىش»تا بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىنتىپاقلىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇۋقە ۋە مەقسەت قىلىش ئارقىلىق، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ ئىجادىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىپ، «چوڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش» ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۈرۈمچى - سانجى - شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى» دېيىلدى)نى قۇرۇش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، تۆت تەرەپ ھەمكارلىقى مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى كەيپىياتىنى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ قوللىشى، ياردىمىدە، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا يېڭى نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېپىلغۇسىز پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى، بۇ يېڭى دەۋردىكى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى بىر تۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۈرۈمچى - سانجى - شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ئىجادىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىيات سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى ۋاستە قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىجادىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويىمىز؛ ھەقىقىي تۈردە ئۈرۈمچى - سانجى - شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى ياخشى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم قوزغاتقۇچ قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز؛ ھەقىقىي تۈردە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىختىساسلىقلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش ھاياتىي كۈچىنى تولۇق ئۇرغۇتۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۇختا تۈرتكە بولىمىز.

يىغىندا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى جاڭ ياپىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىڭتۇەننىڭ سىلىگۈەنى پىڭ جيارۇي، شېنجېن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، مەڭلىك سىيىت، لۇ شۇپىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى، بىڭتۇەن پەن - تېخنىكا ئىدارىسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا تارماقلىرى ھەم سىچۈەن ئۆلكىسى، چۇڭچىڭ شەھىرى، شەنشى ئۆلكىسى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ پەن - تېخنىكا تارماقلىرى بىلەن يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۈڭتىڭىنىڭ «خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوت تەكشۈرۈشىنى نازارەت قىلىش مۇھىم نۇقتىسىنى چىقىم خامچوتى ۋە سىياسەتكە كېڭەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىش خىزمەت لايىھەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوڭ دەرسخانىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ، ھەر قارارىدا بىر باش تېما تەسىس قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ساھەدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئاساسىي مەقسەت نۇقتىسى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدۇ ھەم ۋەكىللەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش، تونۇشى - تەسىراتىنى سۆزلەش قاتارلىق ھالقىلارنى تەسىس قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەۋزەللىكى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ۋەكىللەرنىڭ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزدى، كونكرېت ۋاقىت جەدۋىلى ۋە يول خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ قېلىپلىششچانلىقى ۋە يېتەكلەشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مۈلكىنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى مۇقىم، تەرتىپلىك، پۇختا ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوت تەكشۈرۈشىنى نازارەت قىلىش مۇھىم نۇقتىسىنى چىقىم خامچوتى ۋە سىياسەتكە كېڭەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوت تەكشۈرۈشىنى نازارەت قىلىش مۇھىم نۇقتىسىنى چىقىم خامچوتى ۋە سىياسەتكە كېڭەيتىش ئومۇمىي تەلىپى، ئاساسىي مەزمۇنى، ئاساسىي تەرتىپ - ئۇسۇلى ۋە تەشكىلىي كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوتقا قارىتا تولۇق ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرۈش، ئومۇمىي جەريانىنى نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشى، توغرا نازارەت قىلىش، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن خىزمەت يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، نۇقتىلىق ۋەزىپىنى بېكىتىپ بەردى، ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەشغۇلاتچانلىقنى كۈچەيتىش نۇقتىسىدىن خىزمەتنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تەييارلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوت تەكشۈرۈشىنى نازارەت قىلىش مۇھىم نۇقتىسىنى چىقىم خامچوتى ۋە سىياسەتكە كېڭەيتىش ئىسلاھات تەدبىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختىلاپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خامچوت تەكشۈرۈشىنى نازارەت قىلىش خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇخەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈگىمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سويۈ يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونىمىز كاپالەتلىك تۇرالغۇ ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن تۈزەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىش بېجىرىش، باغاقچە تەستىقلاش، تاپىلاپ قويۇش، تاپان ھەققى ئېلىش، ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىغا ئېتىبار بېرىش، پايدا يەتكۈزۈش، كاپالەتلەندۈرۈش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كىشىلەرنى تۇرالغۇ كاپالىتىگە كىرگۈزۈش» قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى «ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى كاپالەتلىك تۇرالغۇ ساھەسىدىكى ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيلىرىنى باشقۇرۇشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمەت لايىھەسى»نى چىقىرىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ تەقسىملەش مەسىلىسى، بەلگىلىمىگە خىلاپ بەھرىمەن بولۇش، قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئىجارە - ئۆتنىگە بېرىش قاتارلىق ئالتە جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىنى تۈرمۇتۈر تۈزىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت كاپالەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىشتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى تۇرالغۇ كاپالەت باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چېن گاڭ مۇنداق دېدى: مەخسۇس تۈردە تۈزەش ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تۇرۇپ ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى ئىجارىگە ئالغان 1391 كىشىنى ئېنىقلاپ ئۆيىنى قايتۇرۇۋالدى، نېسى قالغان 1 مىليون 265 مىڭ 400 يۈەن ئىجارە پۇلىنى تولۇقلاپ يىغدى، كاپالەت ئوبيېكتلىرىنىڭ 451 يۈرۈش ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئىجارە - ئۆتنە بېرىش مەسىلىسىنى تۈزەتتى ھەم ئېنىقلاپ ئۆيىنى قايتۇرۇۋالدى. يەنە ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى ۋاقتىدا بوشاتمىغان خادىملاردىن 45 كىشىنى ئېنىقلاپ ئۆيىنى قايتۇرۇۋالدى، 772 پارچە ئۆي ئىجارىگە بېرىش كېلىشىمىنى يېڭىباشتىن تۈزۈپ، ئامما ئىنكاس قىلغان، پاش قىلغان 22 مەسىلىنى ھەل قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، مېھرىگۈلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى ئىلتىماس قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان نۇرغۇن ئامما كەينى - كەينىدىن ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىگە كۆچۈپ كىردى. «كېيىنكى قەدەمدە، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى مەخسۇس تۈزەش بويىچە ‹قايتا قاراپ چىقىش›نى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيلىرىنى باشقۇرۇشتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى داۋاملىق رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، تۈرلۈك بەلگىلىمە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ، چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ» دېدى چېن گاڭ.

يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ساھەسىدىكى ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىمەسلىك، ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىغا ئېتىبار بېرىش، پايدا يەتكۈزۈش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى «يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈردە تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، يەنىمۇ چوڭقۇر قازدى، ئىنچىكە تەكشۈردى. ھازىرغا قەدەر، ھەرقايسى جايلاردا يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ساھەسىدە جەمئىي بايقالغان مەسىلە 2301 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىمەسلىك مەسىلىسى 2049، ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىغا ئېتىبار بېرىش، پايدا يەتكۈزۈش مەسىلىسى 52، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش مەسىلىسى 200 بولۇپ، ھازىر ھەممىسى تۈزىتىپ بولۇندى.

«بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز 200 مىڭ 900 ئائىلىلىك يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى تاماملاشنى پىلانلىدى. ھەرقايسى جايلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۇرالغۇ كاپالىتى خىزمىتىنى پائال، پۇختا ئالغا سىلجىتىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى مۇلازىمەت - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنى تاللاپ ئەۋەتىپ، 22 ئېغىر نامرات ناھىيە ۋە 43 نامرات ئەمەس ناھىيەگە چوڭقۇر چۆكۈپ، 3058 ئائىلىلىك ئۆي سالغان دېھقان ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىپ، يېزا ئەمىن ئۆي مەبلىغىنىڭ ئاجرىتىپ بېرىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنىڭ كەنتلەرگىچە، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ‹خاتىرجەم ئۆي›دە ئولتۇرالايدىغان قىلدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى يېزا - بازار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گاۋ فېڭ.